پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

# ئىدىيە چوڭقۇرلۇقىدىن چۈشەندۈرۈش مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش

## —— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. لېكسىيە دوكلاتى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكىنى ئومۇميۈزلۈك شەرھلەپ، ئومۇمىي يىغىن «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ، ئومۇمىي نىشان ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپە قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئاڭلىغۇچىلارنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى.

«چۈشەنچەم تېخىمۇ ئېنىق بولدى، پىكىر يولۇم تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، يۆنىلىشىم تېخىمۇ ئېنىق بولدى.» تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئارقىلىق، دوكلات بېرىش يىغىنىنىڭ جانلىق چۈشەندۈرۈشى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا تارقىلىپ، كۆپچىلىكنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى، كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: ئومۇمىي يىغىن روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنى ھەقىقىي تۈردە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىمىز.

### ■ بىر مەيدان جانلىق، چوڭقۇر پارتىيە دەرسى

«لېكسىيە دوكلاتى ھەم نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە ئىگە، ھەم ئەمەلىيەت چوڭقۇرلۇقىغا ئىگە، ھەم پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى روھى توغرىسىدىكى بىر قېتىملىق مۇھىم كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى، ھەم بىر قېتىملىق جانلىق، چوڭقۇر پارتىيە دەرسى، ئاڭلىغاندىن كېيىن تەشنالىقىم بەكلا قاندى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پىشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يەن مېي ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا.

ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا، شىنجاڭ داشۆسى ماركسىزم شۆبىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ زىچىڭ ئەستايىدىل ئاڭلىدى، تەپسىلىي خاتىرە قالدۇردى. «دوكلاتتا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، ئومۇمىي نىشانى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىسى سىستېمىلىق شەرھلەنگەن، پىكىر يولى ئېنىق، ئوي - پىكىر راۋان، بايانلىرى مۇپەسسەل بولۇپ، ھازىرقى ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى جانلىق ئوقۇتۇش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى.» ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى دەرسخانىغا سىڭدۈرىمەن.

### ■ مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرىمىز، ئەمەلىيلەشتۈرىمىز

«دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرگە قارىتا تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم، ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىتا تېخىمۇ ئېنىق پىكىر يولىغا ئىگە بولدۇم.» ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى شۇ شياۋنىڭ مۇنداق دېدى: «يېقىنقى مەزگىلدە، بىز پارتىيە قۇرۇلۇشى، قانۇن ئىجرا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان كۆپ تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىدۇق. كېيىنكى قەدەمدە ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي تۈردە تۈزەش ئۈنۈمى ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولىمىز».

### ■ ئاساسنى پۇختىلاپ، گۈللەندۈرۈش كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز

«ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ئاساسنى مۇستەھكەملەش، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىمىز.» ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شۆبە يىغىن مەيدانىدا دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لىۋ خۇڭجۈن مۇنداق دېدى: پارتىيە رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئۇزاققىچە ئەسقاتىدىغان نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ھەقىقىي شەكىللەندۈرىمىز.

بۇرچىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يې سۈچىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئومۇمىي يىغىننىڭ مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتچىلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنىڭ تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى كونكرېت تەلىپىنى زىچ چۆرىدەپ، بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ «ئېكولوگىيە، قار - مۇز، مىللىي ئۆرپ - ئادەت» قاتارلىق ساياھەت ئەۋزەللىكلىرىنى يەنىمۇ زورايتىپ، تېخىمۇ مول بولغان ساياھەتچىلىك ھالىتىنى بەرپا قىلىپ، ئومۇمىي خەلقنى ساياھەت تىجارىتىگە قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، يېزا - كەنتلەرنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ بېيىتىمىز.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، ياۋ تۇۋ، شيا چىڭ، جاڭ تىڭ، چاۋ جىن، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ جىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لى خۇيلىڭ يازغان)**

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: گرېتسىيە ئۇزاق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. جۇڭگو - گرېتسىيە مەدەنىيىتى گىرەلەشكەن بولۇپ، دوستلۇق ئالاقىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مەدەنىي قەدىمىي دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو - گرېتسىيە ئىككى تەرەپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سۆھبىتىنى قوللاپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىكنىڭ ئىناق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو - گرېتسىيە مۇناسىۋىتى يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتنى ساقلىدى، ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسى قويۇقلاشتى، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، پىرائېئۇس پورتى تۈرىنى بەلگە قىلغان جۇڭگو - گرېتسىيەنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىدە قويۇق ئالاقە ۋە ماسلىشىشنى ساقلاپ، دۇنيانىڭ تىنچ - مۇقىملىقى ۋە تەرەققىيات - گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، جۇڭگو بىلەن گرېتسىيە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. مەن زۇڭتۇڭ پاۋلوپوۋلوس، زۇڭلى مىتسوتاكىس قاتارلىق گرېتسىيە رەھبەرلىرى بىلەن يېڭى ۋەزىيەتتىكى جۇڭگو - گرېتسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئورتاق پىلانلاپ، جۇڭگو - گرېتسىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىشقا بىرلىكتە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىق ھەمراھ خادىملار شۇ ئايروپىلاندا يېتىپ باردى.

جۇڭگونىڭ گرېتسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جاڭ چيۈمۇ ئايروپورتتا بېرىپ كۈتۈۋالدى.

گرېتسىيەدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ يەنە برازىلىيەگە بېرىپ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 - قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرىنچى، دوستانە بولۇش، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەش كېرەك. ھەرقايسى قاتلام - دەرىجىلەرنىڭ ئالاقىلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ۋە مۇھىم، زور كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەردە تەرەپلەرنى داۋاملىق قەتئىي قوللاش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش، جۇڭگو - ياۋروپا قۇرۇقلۇق - دېڭىز تېز لىنىيەسىنى جۇڭگو - ياۋروپا يۈك ترانسپورتى ۋە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم يول قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. مەدەنىيەت ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ ئالاقىسىگە قولايلىق يارىتىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئېچىۋېتىلگەن، ئەمەلىيەتچىل بولغان جۇڭگو - ياۋروپا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ گرېتسىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقى ھەم جۇڭگو - ياۋروپا ئومۇمىي گەۋدە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

ئۈچىنچى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، مەدەنىيلىكتىن ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەش كېرەك. ئىنسانلار ئالىيجاناب پەزىلەتتە چىڭ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىشى، مەنپەئەتپەرەسلىك قىلماسلىقى، ھەمىشە نوقۇل پايدىنىلا كۆزلىمەسلىكى كېرەك. جۇڭگولۇقلار قەدىمدىن تارتىپ «ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا تاڭما»، «دۇنيا خەلققە مەنسۇپ»، «بارلىق ئەللەر بىلەن ئىناق ئۆتۈش» دېگەن ئىدىيەگە ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن، جۇڭگو ھەرگىزمۇ دۆلەت قۇدرەت تاپسا زومىگەرلىك قىلمايدۇ، بىرى يېڭىش، يەنە بىرى يېڭىلىشتەك نۆل يىغىندىلىق ئويۇننىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ، چۈنكى جۇڭگولۇقلاردا ئەزەلدىن بۇنداق مەدەنىيەت گېنى يوق، بۇنداق قارا نىيەتمۇ يوق. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى باشتىن - ئاخىر دۇنيا تىنچلىق كۈچىنىڭ ئېشىشى بولۇپ كەلدى. جۇڭگو بىلەن گرېتسىيە مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى قوللاپ، مەدەنىيلىك توقۇنۇشى سەپسەتىسىگە قارشى تۇرىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك ھەممە ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈش يولىنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، بۇگۈنكى دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق ئىلھام بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

تۆتىنچى، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىش، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەش كېرەك. مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىدىكى ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپ رامكىسىدىكى ھەمكارلىقنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا كۈچەپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇش كېرەك.

پاۋلوپوۋلوس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: گرېتسىيە خەلقىنىڭ جۇڭگوغا تەبىئىي يېقىنلىق تۇيغۇسى بار، چۈنكى گرېتسىيە بىلەن جۇڭگو ئوخشاشلا قەدىمىي مەدەنىي دۆلەت. گرېتسىيە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. گرېتسىيە بىلەن جۇڭگو ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىكتە ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىشنى، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى، ئالماشتۇرۇش، سۆزلىشىشنى، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. گرېتسىيە ئاتالمىش «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى نەزەرىيەسى»گە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، چۈنكى ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىيلىكتە توقۇنۇش يۈز بەرمەيدۇ، توقۇنۇشمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. بىر دۆلەتنىڭ «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى نەزەرىيەسى» ئارقىلىق دۆلەت سىياسىتىنى تۈزۈشى ئىنتايىن بىمەنىلىك ۋە ئىنتايىن زىيانلىق. مەيلى جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولسۇن ياكى بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېچىۋېتىلگەن، ئالغا ئىلگىرىلىگەن، تەرەققىي قىلغان ئەمەلىيىتى بولسۇن، جۇڭگو ھەممىسىدە «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى نەزەرىيەسى» ۋە «دۆلەت قۇدرەت تاپسا زومىگەرلىك قىلىش نەزەرىيەسى»گە كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بەردى. ھازىرقى ئېنىقسىزلىققا تولغان دۇنيادا، جۇڭگو تىنچلىق، ئىناقلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، تۈرلۈك يەر شارى خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئىنتايىن پايدىلىق ئۆرنەك ۋە لايىھە بىلەن تەمىنلىدى. گرېتسىيە جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىنى قوغدىشىنى داۋاملىق قەتئىي قوللايدۇ، جۇڭگو بىلەن ئىقتىساد - سودا، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، پائال جۇڭگو بىلەن بىرلىكتە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى قىزغىن ئۈمىد قىلىدۇ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ زىيارىتىنىڭ گرېتسىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۇنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشىگە ئىشىنىدۇ. گرېتسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ياۋروپا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا —— جۇڭگو ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە داۋاملىق كۈچەپ، قول تۇتۇشۇپ خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىق ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

سۆھبەتتىن بۇرۇن پاۋلوپوۋلوس شى جىنپىڭ ئۈچۈن داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن يېتىپ بارغاندا پاۋلوپوۋلوس ۋە رەپىقىسى فىلاسىيانىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئەنئەنىۋى مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىپ سەپكە رەتلىك تىزىلدى. شى جىنپىڭ پاۋلوپوۋلوسنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئەترىتىنى كۆزدىن كەچۈردى، ھەربىي ئورkېستىر جۇڭگو - گرېتسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇنلىدى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قارشى تەرەپنىڭ ھەمراھ خادىملىرى بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

شۇ كۈنى، شى جىنپىڭ گرېتسىيە نامسىز جەڭچىلەر خاتىرە مۇنارىغا گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئافىنا، 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار چېن جى، لى جيەنمىن، جىڭ شياۋېي)** شۇ جاي ۋاقتى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئافىنادا گرېتسىيە زۇڭلىسى مىتسوتاكىس بىلەن سۆھبەتلەشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نەچچە كۈن ئىلگىرى، زۇڭلى ئەپەندى ئۆمەك باشلاپ شاڭخەيگە بېرىپ 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتىڭىز. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، گرېتسىيە تەرەپنىڭ بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىدىكى سودىلىشىش سوممىسى ئۆتكەن نۆۋەتلىكىدىن 2.5 ھەسسە ئاشقان. جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، گرېتسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت ئېلىپ كېلىشنى خالايدۇ. جۇڭگو - گرېتسىيە مۇناسىۋىتىدە ئىككى چوڭ رىشتە بار، بىرسى مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، يەنە بىرسى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقى. ئىككى مەدەنىي قەدىمىي دۆلەت قول تۇتۇشۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ كۆپ بەخت يارىتىشى، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ جۇڭگو بىلەن گرېتسىيەنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى گرېتسىيەنىڭ مۇھىم خەلقئارا ئەقشيا ئوبوروتى ئۆتەڭ تۈگۈنى قۇرۇش ئىستراتېگىيەسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پىرائېئۇس پورتنى بالدۇرراق ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى ئەڭ چوڭ كونتېينېر ئۆتەڭ پورتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ دېڭىز - تۆمۈريول ئۇلاپ توشۇشتىكى تۈگۈنلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو - ياۋروپا قۇرۇقلۇق - دېڭىز تېز لىنىيەلىك توشۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، قوش يۆنىلىشلىك سودا ۋە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئېلېكتر كۈچى، خەۋەرلەشىش، ياسىمىچىلىق، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ گرېتسىيەنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي كۈچى بار جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ گرېتسىيەگە كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھام بېرىشنى خالايدۇ.

ئۈچىنچى، ئادەمىيەت ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشتا، ھەم قەدىمكىلەر بىزگە قالدۇرغان مول مەدەنىيەت مىراسلىرىدا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش، ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەر ئۈچۈن يول ئېچىش، ھەم بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئېقىمىدا كونىنىڭ ئورنىغا يېڭى دەسسەپ، كەلگۈسىنى يارىتىش كېرەك. ئىككى تەرەپ 2021 - يىللىق جۇڭگو - گرېتسىيە مەدەنىيەت ۋە ساياھەت يىلىنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈشنى پۇرسەت بىلىپ، خادىملارنىڭ ئالماشتۇرۇشى، يەرلىكلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ساھەسىدە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى قوللىشى كېرەك، بۇ، بىرلىشىپ تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچى، جۇڭگو —— ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇش كېرەك. گرېتسىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى مۇھىم ئەزا دۆلەت ۋە بالقان رايونىدىكى مۇھىم دۆلەت. جۇڭگو —— ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىقى جۇڭگو - ياۋروپا ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتتى. جۇڭگو تەرەپ گرېتسىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە بۇ ھەمكارلىق مېخانىزمىنى ياخشى قۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودىنى ئورتاق قوغداپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ كۆپ پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كۇڭزى مۇنداق دېگەن: «ئەخلاقلىق ئادەم يالغۇز قالمايدۇ، مەقسەت - نىشانى بىردەك بولغان ئادەم جەزمەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ.» ئارىستوتېلمۇ مۇنداق دېگەن: «يېقىن دوست ئوخشاش بولمىغان تەندىكى ئورتاق قەلبكە ئوخشايدۇ.» باراۋەر، ھۆرمەت قىلىش، دوستانە ھەمكارلىشىش، ئېچىۋېتىش، سىغدۇرۇشچان بولۇش، باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەش بىز ئىككى ئۇلۇغ مىللەتتە ئورتاق بولغان ئالاھىدىلىك، شۇنداقلا بىزنىڭ تەرەققىياتنى ئورتاق كۆزلەشتىكى غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگو - گرېتسىيە مۇناسىۋىتى چوقۇم تېخىمۇ مول نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

مىتسوتاكىس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ئۇلۇغ مەدەنىي قەدىمىي دۆلەت بولۇپ، دۇنيا تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رول ئويناماقتا. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىردىنبىر بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ. جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشى گرېتسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. گرېتسىيە - جۇڭگو ھەمكارلىقى ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. گرېتسىيە خەلقى جۇڭگونىڭ گرېتسىيە پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنى باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتقان مەزگىلدە قىلغان قىممەتلىك ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. گرېتسىيە تەرەپ داۋاملىق ھالدا جۇڭگو تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە جۇڭگونى قەتئىي قوللايدۇ. گرېتسىيە تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىپ، پىرائېئۇس پورتنى ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ پورت قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ياۋروپا - ئاسىيا ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. گرېتسىيە جۇڭگونىڭ ياۋروپا بازىرىغا كىرىشتىكى دەرۋازىسى بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈشىنى قارشى ئالىدۇ، بۇ، گرېتسىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ۋە شۇ جايىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. ئىككى تەرەپنىڭ پاراخوت ترانسپورتى، ئېنېرگىيە، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، مەدەنىيەت - مائارىپ، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. گرېتسىيە تەرەپ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى —— جۇڭگو ھەمكارلىقى ياۋروپانى پارچىلايدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، داۋاملىق بۇ ھەمكارلىق ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ ھەم ياۋروپا ئىتتىپاقى —— جۇڭگو ئومۇمىي گەۋدە مۇناسىۋىتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن پائال رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سىزنىڭ زىيارىتىڭىز جەزمەن مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، گرېتسىيە - جۇڭگو، ياۋروپا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى مۇھىم ئابىدىگە ئايلىنىدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى بىرلىكتە مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشتى ھەم ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىغا گۇۋاھ بولدى، بۇ، سېلىنما، پورت، پۇل مۇئامىلە، ئېنېرگىيە، مائارىپ قاتارلىق كۆپ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

ئىككى تەرەپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن گرېتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قوشما باياناتى»نى ئېلان قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.